# غەربنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان بىمەنە سەپسەتىلىرى توختىشى كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## بىرىنچى، شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى «جازا لاگېرى» دەپ قارا چاپلاش پۈتۈنلەي ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك

غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە «جازا لاگېرى» دەپ تۆھمەت قىلدى. مەن ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيادا ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگەندىن باشقا، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ئاساسىي تارىخ بىلىملىرىنى تولۇقلىشى ياكى ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرى سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن «شىندلېرنىڭ تىزىملىكى»نى كۆرۈپ، ئاۋۋال نېمىنىڭ جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»(قانۇن ئۆگىنىش، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىش، ماھارەت ئۆگىنىش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش)نى مەقسەت قىلغان مەكتەپ. ھۆكۈمىتىمىز مالىيەدىن پۇل چىقىرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاشۇ ئاممىنى كەسپىي دەرسلىك بويىچە تەربىيەلەپ ۋە ھەقسىز تاماق، ياتاق شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە شۇ مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ئەڭ زور چەكتە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردى ۋە قاندۇردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تەربىيەلىنىشنى تاماملىدى ھەم كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپتى، خېلى ياخشى كىرىمى بار بولدى، كۆپلىگەن ئائىلىلەر بىردىن ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلار بىزنى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئەجەبا سىلەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە كۈشكۈرتۈشىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسە ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى تۈيۈق يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتى بەدەل تۆلەش مۇمكىنلىكىنى بىلمەمسىلەر، ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرگەنلىك بولامدۇ؟ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئازايدى، تېخىمۇ كۆپ ئادەم زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىندى.

شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيەسىدىكى ھەببە ئابدۇخېلىل خېنىم مالىيە ـ ئىقتىساد، سىياسىي قانۇن داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، توردا «دوستلىشىش» ئارقىلىق، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن ئەسەبىي ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ھەم بارغانسېرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر پېتىپ قالغان. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى بىلەن، ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزلۈك ـ كېسەل ئۆزگىرىپ، خاتالىقنى ئۆزلۈك ـ كېسەل تۈزىتىپ، ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزدى ھەم كەنت دەرىجىلىك بىر ياردەمچىگە ئايلاندى. ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىدىكى مەمەت سەمەت ئىلگىرى پاياپاق زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، «كاپىر»لار بىلەن سودا قىلمىغان ھەم ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقاتقان، زاۋۇتنىڭ تىجارىتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ داۋاملىشالماي قالغان. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ياردەم بېرىشى، تەربىيەلىشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، پاياپاق زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈردى ھەم زاۋۇت بىناسىنى كېڭەيتىپ قۇردى، ھازىر ئايلىق كىرىمى 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەنە كەنتتىكى 50 تىن ئارتۇق نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ خۇرسەنلىك ھالدا مۇنداق دېدى: «ئادەم ئۆمرىدە پۇل تاپسىلا، باي بولسىلا بولمايدىكەن، تېخىمۇ مۇھىمى بىلىملىك بولۇشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، كۆز ئالدىدىكى بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشى كېرەك ئىكەن».

بۇنداق مىساللار يەنە نۇرغۇن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مىساللارنى غەرب تاراتقۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى تاراتقۇلار كەڭ دائىرىدە خەۋەر قىلدى. ئەمما پومپېيو ئېقىمىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە بىر تەرەپلىمە قارىشىنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھە دەپ «Fake News» (يالغان خەۋەر) پەيدا قىلىشىدىكى غەرىزى نېمە؟ ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى گوبېبېلس: «يالغان گەپ مىڭ قېتىم تەكرارلانسا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەن، مېنىڭچە پومپېيو ئەپەندى ئۇنىڭ سادىق شاگىرتى ئىكەن!

## ئىككىنچى، شىنجاڭغا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىدى، دەپ تۆھمەت قىلىشقا پۈتۈنلەي يامان غەرەز يوشۇرۇنغان

دىنىي مەسىلىلەردە «رەڭلىك كۆزەينەك» تاقاش، «قوش ئۆلچەم» قوللىنىش ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە ـ نەيرىڭى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، خەلقئارا جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاممىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، «مۇسۇلمانلارنى چەكلەش بۇيرۇقى»نى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «فالۇن گۇڭپىسى» قاتارلىق بىدئەت تەشكىلاتلارغا كەڭ قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، دىنىي تونىغا ئورۇنىۋېلىپ، «كىشىلىك ھوقۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى «كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىسى» دەپ قاراپ، «ئەزىز مېھمان» قاتارىدا كۆردى. پومپېيو ئېقىمىدىكىلەر شىنجاڭغا «ئۆز پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يوقاتتى» دەپ تۆھمەت قىلدى. سوراپ باقسام، شىنجاڭدىكى مەسچىتلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 2000 نەچچىدىن ھازىرقى 24 مىڭغا كۆپىيىپ، ھەر 530 مۇسۇلمان ئاممىغا بىردىن مەسچىت توغرا كەلدى، دىنىي خادىم 3000 نەچچە ئادەمدىن 29 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە كۆپەيدى، بۇ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ئىپادىسىمۇ ياكى دىنىنىڭ يوقىتىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

بۇ يەردە، مەن يەنە پومپېيو ئېقىمىدىكىلەرگە بەزى تارىخ بىلىملىرىنى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى يەنە تولۇقلاپ ئۆتمەكچى. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون، يۇغۇرۇلۇش، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭدىكى دىنلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. تارىختا، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان، ھازىر شىنجاڭ يەنىلا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون. بىز ھەرقايسى دىنلارنىڭ باباراۋەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مەلۇم بىر دىنغا يان باسمايمىز، ھەم مەلۇم بىر دىننى كەمسىتمەيمىز، ھەر قايسى دىنلارنىڭ شىنجاڭدا قانۇنلۇق تارقىلىشىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىمىز ۋە كاپالەتلىك قىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى، غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى، خوتەن جامە مەسچىتى قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قايتا رېمونت قىلدى. بىز يەنە دىنىي زاتلارنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ھەر يىلى دىنىي زاتلار ئۈچۈن بىر قېتىم ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ھەر بىر ئادەمگە ھەر ئايدا ئەڭ ئاز بولغاندا 1000 يۈەن تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىپ بېرىمىز. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدا 112 دىنىي تەشكىلات بار، 1400دىن ئارتۇق دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلەردە ۋەكىل، ئەزا بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» (سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ كىتاب ئۆيىنى مەسچىتكە كىرگۈزۈش، جۈمە مەسچىتىدە تاھارەت ئېلىش ئەسلىھەسى بولۇش، سۇلۇق ھاجەتخانا بولۇش)، «توققۇزنى سەپلەش» (تېببىي دورا مۇلازىمىتى، ئېلېكترونلۇق ئېكران، كومپيۇتېر، شامالدۇرغۇچ ياكى ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەسى، تەبىئىي گاز، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلىمىسى ياكى ئاياغ قاپلاش ماشىنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپىنى سەپلەش)نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈردۇق.

شىنجاڭغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىۋاتىدۇ، دەپ تۆھمەت قىلغان ئاشۇ غەرب سىياسەتۋازلىرىغا زادى قانداق جىن چاپلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ دەلىلى ۋە «ئاساس»ىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ھەقىقەتەن بىلەلمىدىم؟!

## ئۈچىنچى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق بوغۇۋاتىدۇ، دەپ بىلجىرلاش تامامەن رەزىل غەرەز

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقامى» دەل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى نامرات، قالاق ئىقتىسادىي شارائىتتا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم ۋە پۇل چىقىرىشى بىلەن قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قوغدالغان، تېكىستكە ۋارىسلىق قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، خەلق داستانلىرى، خەلق ئەدەبىياتى ھەمدە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى توپلىدى، خاتىرىلىدى، شىنجاڭدىكى يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان «قۇتادغۇبىلىك» «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىقلار دەل مۇشۇ مەزگىلدە توپلانغان، رەتلەنگەن ۋە تەتقىق قىلىنغان.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا دۆلەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 83 ى، دۆلەت دەرىجىلىك «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋارىسىدىن 64ى بار، يەتتە تۈردىكى 91 غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ـ ۋارىسلىق قىلىش بازىسىغا نام بېرىلگەن، 236 غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ـ ۋارىسلىق قىلىش ئورنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈرى 95%تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاساسلىق ئىشلىتىدىغان ئون خىل تىل ـ يېزىق ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، جەمئىيەت ئاممىۋى ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ «مەشرەپ»ى، قازاقلارنىڭ «ئايتىس»ى، قىرغىزلارنىڭ «قومۇز ئېيتىشىش»ى، موڭغۇللارنىڭ «نادام يىغىلىشى»، خۇيزۇلارنىڭ «خۇائېر يىغىلىشى» قاتارلىق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئەگەر پومپېيو ئېقىمىدىكىلەر زامانىۋى مودا مەدەنىيەتكە قىزىقسا، ئۇنداقتا نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە نەزەر سېلىپ باقسۇن، «جۇڭگو ياخشى ئۇسسۇلى»نىڭ چېمپىيونى گۈلمىرە، «جۇڭگو ياخشى ئاۋازى»دا ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن پەرھات، شىنجاڭلىق شىبە مىللىتىدىن بولغان داڭلىق ئارتىس تۇڭ لىيا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گۈزەل ئۇسسۇلى، ئۆزگىچە ئاۋازى، كامالەتكە يەتكەن ئورۇنلاش ماھارىتى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى جەمئىيەت بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سالاپىتىنى جەۋلان قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېببىي دورىسىنى قوغداش ۋە ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ۋە قازاق تېبابەت دوختۇرخانىسى پۈتۈن شىنجاڭغا كەڭ تارقىلىپ، «مۇرەككەپ رېتسېپلىق يېزىخو ئەمىنى جەۋھىرى» «زۇكام جەۋھىرى» قاتارلىق مىللىي تېبابەت دورىلىرى كەڭ ئالقىشقا ئېرىشتى.

## تۆتىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق تۇرمۇشى شارائىتىنىڭ غايەت زور ياخشىلانغانلىقىنى نەزەرگە ئالماسلىق پۈتۈنلەي ھاكاۋۇرلۇق، بىر تەرەپلىمە قاراش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 200 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى شارائىتىدىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. كىرىم جەھەتتە، 1978 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 101.7 ھەسسە ۋە 99.6 ھەسسە ئاشتى. مائارىپ جەھەتتە، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 20%كىمۇ يەتمەيتتى، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 90%كە يېتەتتى. تەرەققىيات ئارقىلىق، باشلانغۇچ مەكتەپ 1949 ـ يىلدىكى 1335تىن 2018 ـ يىلدىكى 3368 گە كۆپەيدى، ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇزدىن 1278گە كۆپەيدى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تولۇق قاپلاش، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى، 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2018 ـ يىلى، شىنجاڭدا ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار قوش تىل يەسلىسىدە بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى 95.95%كە يەتتى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.91%كە يەتتى. ساغلاملىق جەھەتتە، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 30 ياشتىن ھازىرقى كۆزلىمىدىكى 72.35 ياشقا ئۇزاردى. 2011 ـ يىلى، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدى بىلەن شەھەر ـ يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلانغان، قاپلىشى تولۇق بولغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ئورناتتى. 2016 ـ يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، ئومۇمىي خەلقنى كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان سۇغۇرتىسىدىن ھەقسىز بەھرىمەن قىلىش يولغا قويۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 70 نەچچە ياشلىق بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا: «شۇنچە كۆپ يىل ياشاپ، مەن ئۆزۈمنىڭ بوي ئېگىزلىكىمنىڭ قانچىلىكلىكى، ئېغىرلىقىمنىڭ قانچىلىكلىكى، قانداق كېسىلىم بارلىقىنى بىلمەيتتىم، ھەتتا پەرزەنتلىرىممۇ قىلالمىغان ئىشنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنىڭ ئورنۇمدا ئويلىدى، قىلدى!» دېدى.

بولۇپمۇ، مەركەز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بىز دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق. 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 19.496%تىن 6.1%كە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 1 مىليون 889 مىڭ 500 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 29.1%تىن 10.9%كە تۆۋەنلىدى، بۇ، تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان غايەت زور ئۆزگىرىش. بۇ گۇرۇپپا ـ گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئارقىسىدىكىسى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان بوشاشماي قوللىغانلىقىدۇر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن مالىيە ياردەم پۇلى جەمئىي 2 تىرىليون 350 مىليارد يۈەنگە يەتتى، 2012 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچىلا 1 تىرىليون 610 مىليارد يۈەنگە يەتتى. 2018 ـ يىلى، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن مالىيە ياردەم پۇلى 302 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق مالىيە خامچوت چىقىمىنىڭ 60.3%نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2010 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، جەمئىي 103 مىليارد 500 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى سالدى، بۇنىڭ 80%تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىلا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

شىنجاڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل ھېچقانداق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، بىر رايوننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى «بارومېتىر» بولغان ساياھەتچىلىكتىمۇ «شىددەت بىلەن» تەرەققىي قىلىش ياخشى ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، ساياھەتتە كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى ۋە ئىستېمالدا ئۇدا ئۈچ يىل 30% ـ 40%لىك ئېشىش سۈرئىتى ساقلاندى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەر 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كىرىمنىڭ ئېشىشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

«ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى پەقەت ئاياغنى كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ.» شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە پومپېيو ئېقىمىدىكىلەر ۋە بىر قىسىم غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشى، بىلجىرلىشى لازىم ئەمەس، شىنجاڭدىكى 25 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. بىز ئىپتىخارلانغان ھالدا پۈتۈن دۇنياغا شۇنداق جاكارلىيالايمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچى بۇنداق تولۇپ تاشمىغان، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى بۇنداق تولۇپ تاشمىغان، ئۇلۇغ ۋەتەن، جۇڭخۇا مىللىتى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى بۇنداق تولۇپ تاشمىغان! مەن بۇ يەردە غەربتىكى ئايرىم سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلارغا رەسمىي يوسۇندا ئېيتىمەنكى: سىلەرنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان بىمەنە سەپسەتىلىرىڭلار توختىشى كېرەك!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش»تىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسپىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەكتەپلەرنى پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان مۇستەھكەم بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: قەتئىي تەۋرەنمەي ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «توغراق روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەشكە مۇلازىمەت قىلىش» باش تېما تەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل ياخشى تۇتۇپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە ۋە خەلققە سادىق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئوقۇتۇشتا باشقىلارغا ئۇستاز، ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى يېتەكچىلىك ۋە يول باشلىغۇچىلىق مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىش كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسىنى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا كىرگۈزۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيەلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئاممىۋى مەنپەئەت، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئاساسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، يەسلى مائارىپى يېرىك پىلانى، سېلىنما، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق خاراكتېردىكى يەسلى مائارىپى بايلىقىنى كۈچەپ كېڭەيتىپ، يەسلى مائارىپى تۈزۈلمە مېخانىزمى ۋە سىياسەت كاپالەتلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەسلى مائارىپىنىڭ ئومۇملاشقان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، بىخەتەر، ئەلا سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)